# شىنجاڭ گېزىتى

2019 ـ يىل 7 ـ ئاي
23
سەيشەنبە
维吾尔文 7月23日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65－0002/－W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1－57　ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com　24765 ـ سان　بۈگۈن 4 بەت


## شى جىنپىڭ ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى ئەبۇزەبى تەخت ۋارىسى مۇھەممەد بىلەن سۆھبەتلەشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار لىيۇ خۇا، جېڭ مىڭدا)** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى خەلق سارىيىدا ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى ئەبۇزەبى تەخت ۋارىسى مۇھەممەد بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

شى جىنپىڭ مۇنداق دېدى: بۇلتۇر 7 ـ ئايدا، مەن ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولدۇم، بىز جۇڭگو بىلەن ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى ئورناتقانلىقىنى ئورتاق جاكارلاپ، جۇڭگو بىلەن ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ قول تۇتۇشۇپ ئورتاق ئالغا ئىلگىرىلىشىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئاچتۇق. بىر يىلدىن بۇيان، ئىككى تەرەپ زىيارەت نەتىجىلىرىنى پائال ئەمەلىيلەشتۈردى، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىدە ھەر تەرەپلىمە، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات ساقلاندى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يەرشارىلىشىش دەۋرىدە، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىش ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ چىقىش ئۆتۈش يولى، بىكىنمىچىلىك، يالغۇز قېلىش ئۆزىنىڭلا مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ.

جۇڭگو ـ ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى مۇناسىۋىتى نىشانى ئۇلۇغ، ماھىيەتلىك مەزمۇنى مول، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان، (ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## شى جىنپىڭ ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى ئەبۇزەبى تەخت ۋارىسى مۇھەممەد بىلەن يەنە بىر قېتىم كۆرۈشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىر سۈن يى)** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى كەچتە دياۋيۈتەي دۆلەت مېھمانخانىسىدا جۇڭگوغا كېلىپ دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولۇۋاتقان ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى ئەبۇزەبى تەخت ۋارىسى مۇھەممەد بىلەن يەنە بىر قېتىم كۆرۈشتى. ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى ئازادە، دوستانە كەيپىياتتا جۇڭگو ـ ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى مۇناسىۋىتى ۋە ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان خەلقئارا ۋە رايون مەسىلىلىرى توغرىسىدا داۋاملىق چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇردى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن بىز مول نەتىجىلىك، ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك سۆھبەت ئېلىپ باردۇق، كۆپ تۈرلۈك ھەمكارلىق كېلىشىمىنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشىغا گۇۋاھ بولدۇق، كېلىشىمنىڭ سانى كۆپ، مەزمۇنى مول، چېتىلىش دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ھەقىقەتەن ئاز ئۇچرايدۇ. بۇ، بىز ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنىنىڭ موللۇقىنى، چوڭقۇر ئىستراتېگىيەلىك خاراكتېرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈردى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭخۇا مەدەنىيلىكى 5000 يىلدىن كۆپرەك داۋاملىشىپ كەلگەن بولۇپ، (ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## «ئىككىنى قوغداش»نى باشلامچىلىق بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇش　تىرىشىپ نەمۇنىلىك ئورگان قۇرۇش

### ـــ ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى، ئىزچىللاشتۇردى

**ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش**

□مۇخبىرىمىز جاڭ يەنفاڭ

«‹ئىككىنى قوغداش›نى باشلامچىلىق بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇش مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى باش ۋەزىپە.» مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشقا ئېنىق تەلەپ قويۇپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى.

ئۇدا بىرقانچە كۈندىن بۇيان، ئاپتونوم رايوندىكى 1 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىگە قاتناشقان ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى باش تېما تەربىيەسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ، ۋاقتىدا ئەگىشىپ ئۆگىنىپ، روھىي ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى ئۈزلۈكسىز يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھەر دەرىجىلىك ئورگانلار «ئىككىنى قوغداش»نى باشلامچىلىق بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇپ، تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىش، تەھلىل قىلىشنى سىلىشتۇرۇپ ياخشى ئىشلەپ، تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇپ، تىرىشىپ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنى خاتىرجەم قىلىدىغان، خەلق ئاممىسىنى رازى قىلىدىغان نەمۇنىلىك ئورگان قۇردى. (ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## ئاساسىدىن تۈزەپ مەنبەدىن ساپلاشتۇرۇش　ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەش

### ـــ «شىنجاڭغا دائىر بىرقانچە تارىخىي مەسىلە» ناملىق ئاق تاشلىق كىتاب ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كادىرلار، ئامما ئارىسىدا كۈچلۈك ئورتاق ئىنكاس قوزغىدى

«شىنجاڭغا دائىر بىرقانچە تارىخىي مەسىلىگە بېرىلگەن ئىلمىي جاۋاب» «چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ خاتا سەپسەتىلىرىگە كۈچلۈك رەددىيە بەردى» «تارىخنىڭ قويۇق تومانلىرىنى سۈزۈلدۈرۈپ، مەنبەدىن ساپلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى»... گۇۋۇيۇەن ئاخبارات ئىشخانىسىنىڭ «شىنجاڭغا دائىر بىرقانچە تارىخىي مەسىلە» ناملىق ئاق تاشلىق كىتابى ئېلان قىلىنىشى بىلەنلا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما ئارىسىدا كۈچلۈك ئورتاق ئىنكاس قوزغاپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ قەلبىتىن يۇكسەك ئېتىراپ قىلىشىغا، ھەقىقىي ئالقىشلىشىغا ئېرىشتى.

■**تارىخنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، پاكىتنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ**

تارىخنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، پاكىتنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇزاقتىن بۇيان چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر شىنجاڭ تارىخىنى بۇرمىلاپ، ئويدۇرۇپ چىقىپ، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، كۆز بويامچىلىق قىلىپ، جۇڭگونى پارچىلاشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇندى. «ئاق تاشلىق كىتاب دۈشمەن كۈچلەر تارقاتقان يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەرگە قارىتا، نىشانلىق ئوق ئېتىپ، (ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## ئالدىنقى يېرىم يىلدا شىنجاڭنىڭ تاشقى سودا ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 10.7% ئاشتى

مۇخبىرىمىز **چېن چياڭۋېي**نىڭ ئۈرۈمچى تاموژنىسىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، شىنجاڭ 62 مىليارد 470 مىليون يۈەن تاشقى سودا ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرغان، بۇ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 10.7% ئاشقان بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئېشىش سۈرئىتىدىن 6.8 پىرسەنت پوئېنت يۇقىرى بولغان، بۇنىڭ ئىچىدە، ئېكسپورت 45 مىليارد 150 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن سەل چۈشۈپ 0.4% تۆۋەنلىگەن، ئىمپورت 17 مىليارد 320 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 56.2% ئاشقان. 3 ـ ئايدىن باشلاپ، شىنجاڭنىڭ تاشقى سودا ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتىدە ئۇدا تۆت ئاي ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن ئېشىش ئىشقا ئاشۇرۇلغان.

سودا شەكلىدىن قارىغاندا، ئالدىنقى يېرىم يىلدا، شىنجاڭنىڭ چېگرا ئاز سوممىلىق سودا ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتى 36 مىليارد 530 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 6.5% ئېشىپ، تاشقى سودا ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 58.5%ىنى ئىگىلىگەن. ئادەتتىكى سودىنىڭ ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتى 21 مىليارد 220 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 10.6% ئاشقان، بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ باشقا سودا شەكلىدە تېز تەرەققىي قىلىش ۋەزىيىتى كۆرۈلۈپ، ئەشيا ئوبوروتى، تاشقى سېلىنما، باجدىن خالىي ئامبار ماللىرى، ئىمپورت ماتېرىياللىرىنى توغرا كەلتۈرۈش ۋە چېگرا ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزئارا بازار سودىسى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 1.1 ھەسسە، 161.8 ھەسسە، 66.2%، 78.6% ۋە 60.2% ئاشقان. (ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

### شىمالىي شىنجاڭ تەۋەلىك رايوننىڭ «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»تىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى

## نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىش ۋە ئۇنىڭدا غەلىبە قىلىشتا ئالدىدا مېڭىش، ئۈلگە بولۇش، تۆھپە قوشۇش كېرەك

مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى لى پېڭشىن شىمالىي شىنجاڭ تەۋەلىك رايوننىڭ «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»تىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»تىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 9 ـ نۆۋەتلىك 7 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، شىمالىي شىنجاڭدىكى نامراتلارنى يۆلەش ۋەزىپىسى بار نامرات ئەمەس ناھىيە(شەھەر)لەرنىڭ دىققىتىنى «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»تىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىدىيەۋى تونۇشنى يەنىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەسىلىنى تۈزىتىش ۋە مۇستەھكەملەش، ئۆستۈرۈشنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىش ۋە ئۇنىڭدا غەلىبە قىلىشتا ئالدىدا مېڭىش، ئۈلگە بولۇش، تۆھپە قوشۇشى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

## سەلتەنەتلىك 70 يىل　كۆرەشچان يېڭى دەۋر

### رەقەم ئارقىلىق شىنجاڭنى سۆزلەش

[ئىلاۋە]

بۇ يىل جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى. يىل چاقىنى ئىنچىكە ھېسابلىغاندا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ۋاقىت ئوقىدا، ۋەتىنىمىزنىڭ شىنجاڭدا ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇدى، ھەممە نەرسە يېڭىلاندى، غول تارتىپ باراقسانلىدى.

گېزىتىمىزدە بۈگۈندىن باشلاپ «سەلتەنەتلىك 70 يىل، كۆرەشچان يېڭى دەۋر ـــ رەقەم ئارقىلىق شىنجاڭنى سۆزلەش» ئىستونى تەسىس قىلىنىپ، سانلىق مەلۇمات ۋە ئىسخېمىلار ئارقىلىق، كىچىك ئىشلاردىن ئالەمشۇمۇل زور ئۆزگىرىشلەرگە نەزەر سېلىنىپ، ئىنچىكە نۇقتىلار ئارقىلىق دەۋر دولقۇنى كۆرسىتىلىدۇ. رەقەم ئارقىلىق شىنجاڭدىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەر سۆزلىنىدۇ، شىنجاڭنىڭ كۈچى ھېس قىلىنىدۇ، يېقىندىن دىققەت قىلغايسىلەر.



يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەكشى، مۇقىم، ساغلام راۋاجلاندى، ئۇل ئەسلىھە، ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى قاتارلىق ئېنېرگىيە قۇرۇلۇشى تېز ئالغا سىلجىتىلدى. سۈرەتتە: دۆلەت تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىشچىلىرى 750 كىلوۋولتلۇق غۇلجا ـ كۇچا لىنىيەسىنى چارلىماقتا.

□سۈرەتنى دۆلەت تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى چەكلىك شىركىتى تەمىنلىگەن




(سانلىق مەلۇماتلار مەنبەسى: ئاپتونوم رايونلۇق ئىستاتىستىكا ئىدارىسى ئىسخېما تۈزگۈچى: جاڭ يۈك)

### خەلق ئىگىلىكى تېز سۈرئەتتە ئاشتى ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي كۈچ كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، شىنجاڭ ئىقتىسادى ئەمدىلا قەدەم ئېلىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان بولۇپ، ھەرقايسى جەھەتتە ئىنتايىن ئارقىدا ئىدى. 70 يىللىق تەرەققىيات ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي كۈچى كۆرۈنەرلىك كۈچىيىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ھەمدە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۈشىگە پۇختا ئاساس سېلىندى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، شىنجاڭ ئىقتىسادى سىجىل يۇقىرى سۈرئەتتە راۋاجلاندى، 2017 ـ يىلى رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى تۇنجى قېتىم 1 تىرىليون يۈەنلىك چوڭ ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتتى.

### 24 دۆلەتنىڭ تاراتقۇ مۇخبىرلىرى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى

## جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلانغانلىقىنى ھېس قىلدى　ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى

□**شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى ما كەي، لىيۇ شىنيۇ**

7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىن 22 ـ كۈنىگىچە، گوۋۇيۇەن ئاخبارات ئىشخانىسى مەسئۇل بولۇپ ئۇيۇشتۇرغان جۇڭگو، چەت ئەل تاراتقۇلىرىنىڭ «يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونغا كىرىش» باش تېما زىيارەت پائالىيىتى شىنجاڭدا ئۆتكۈزۈلدى. دۆلىتىمىز ۋە ئامېرىكا، رۇسىيە، ئىتالىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان، تۈركىيە، ياپونىيە، ئىران قاتارلىق 24 دۆلەتتىن كەلگەن مۇخبىرلار شىنجاڭدىكى نۇرغۇن جايغا بېرىپ چوڭقۇر لاپ زىيارەت قىلىپ، كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدىكى تەربىيەلەنگۈچىلەر، ئىسلام دىنى دىنىي خادىملىرى ۋە ھەر مىللەت ئامما بىلەن يۈزتۇرا پىكىر ئالماشتۇردى. كۆپ دۆلەت مۇخبىرلىرى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇن بويىچە تېررورىزمغا زەربە بېرىش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش، پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى قوغداش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى قوغداش، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ خەلق تۇرمۇشىغا نەپ يەتكۈزۈش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىشلىگەن خىزمەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى ۋە قۇۋۋەتلىدى. (ئاخىرى 4 ـ بەتتە)